# جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلايلى

خەلق گېزىتى
باش ماقالىسى

ئالتۇن كۈز پەسلىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنى غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلدى.

ئومۇمىي يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن بەرگەن خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە مۇزاكىرە قىلىندى، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ خىزمەتلىرى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ئومۇمىي يىغىندا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى، بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى پروگراما خاراكتېرلىك ھۆججەت.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پەيتىدە، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش مەسىلىسىنى مەخسۇس تېمىدا تەتقىق قىلدى ھەم قارار چىقاردى، بۇ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرىدىغان ئىستراتېگىيەلىك نەزەر دائىرىسى ۋە كۈچلۈك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلغان بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنىنى مۇستەھكەملەش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم، زور ۋە چوڭقۇر - ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە. ئومۇمىي يىغىندا ماقۇللانغان «قارار»دا، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن ۋەزىيىتى ۋە يىراق كەلگۈسى چىقىش قىلىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى ۋە قانۇنىيىتى توغرا ئىگىلىنىپ، «نېمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە نېمىنى مۇستەھكەملەش، نېمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە نېمىنى راۋاجلاندۇرۇش»تىن ئىبارەت بۇ مۇھىم، زور سىياسىي مەسىلىگە چوڭقۇر جاۋاب بېرىلىپ، ھەم جەزمەن پۇختا چىڭ تۇرىدىغان مۇھىم، زور تۈزۈم ۋە پرىنسىپلار شەرھلىنىپ، ھەم تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىدىغان مۇھىم، زور ۋەزىپە ۋە تەدبىرلەر ئورۇنلاشتۇرۇلما قىلىنىپ، تارىخنى يەكۈنلەش بىلەن كەلگۈسىگە يۈزلىنىشنىڭ بىرلىكى، ئىرادىنى ساقلاش بىلەن ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ بىرلىكى، مەسىلە يۆنىلىشى بىلەن نىشان يۆنىلىشىنىڭ بىرلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ، مۇقەررەر ھالدا ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تۈزۈملەرنى تېخىمۇ پىشىپ يېتىلدۈرۈش، تېخىمۇ تۇراقلاشتۇرۇش، دۆلىتىمىزنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈم - ئىقتىدارىغا تېخىمۇ ياخشى ئايلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشقا مۇھىم، زور ۋە چوڭقۇر - ئۇزاق تەسىر كۆرسىتىدۇ.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى پارتىيە ۋە خەلق ئۇزاق مۇددەت ئەمەلىيەتتە ئىزدىنىش داۋامىدا شەكىللەندۈرگەن ئىلمىي تۈزۈم سىستېمىسى، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىشتىكى بارلىق خىزمەت ۋە پائالىيەتلىرى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى بويىچە قانات يايدۇرۇلىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ھەم ئۇنىڭ ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشىدۇر. يېڭى جۇڭگو 70 يىلدا قولغا كەلتۈرگەن تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ماركسىزمنى يېتەكچى قىلغان، جۇڭگو زېمىنىدا يىلتىز تارتقان، چوڭقۇر جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئاساسىغا ئىگە بولغان، خەلقنىڭ چوڭقۇر ھىمايىسىگە ئېرىشكەن تۈزۈم ۋە ئىدارە قىلىش سىستېمىسى، قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ۋە غايەت زور ئەۋزەللىككە ئىگە تۈزۈم ۋە ئىدارە قىلىش سىستېمىسى، 1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن ئاھالىسى بار چوڭ دۆلەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا سىجىل تۈرتكە بولالايدىغان، 5000 يىلدىن ئارتۇق مەدەنىيلىك تارىخىغا ئىگە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلالايدىغان تۈزۈم ۋە ئىدارە قىلىش سىستېمىسى. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق چۈشەندۈردىكى، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى نۇرغۇن تەرەپلەردە روشەن ئەۋزەللىككە ئىگە، بۇ روشەن ئەۋزەللىكلەر بىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىشىمىزنىڭ تۈپ ئاساسى.

بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ، دۆلىتىمىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىپ، دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ئۇلۇغ كۈرەش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، ئۇلۇغ ئىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى بىرتۇتاش ئىگىلەپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان يېڭى ئارزۇسىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى تۈرلۈك خەۋپ - خەتەر، خىرىسلار ئۈستىدىن غالىب كېلىشتە جەزمەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا تېخىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىندا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش مەسىلىسىنىڭ مەخسۇس تېمىدا تەتقىق قىلىنىشىدا دەل بۇنىڭ «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم، زور ۋەزىپە ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، جەزمەن بۇنى سىستېمىلىق يەكۈنلەپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ مۇكەممەللىشىدىغان ۋە تەرەققىي قىلىدىغان ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى ۋە خىزمەت تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك؛ بۇ، يېڭى دەۋردىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى تۈپ تەلەپ، جەزمەن بۇنى ئاساسىي ئۇق قىلىپ، تۈزۈم قۇرۇلۇشى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەرنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشى، تېخىمۇ تۇراقلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ بۇ، خەۋپ - خەتەر، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش، تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كۈچلۈك كاپالىتى، جەزمەن تۈزۈم كۈچ - قۇدرىتىدىن پايدىلىنىپ خەۋپ - خەتەر، خىرىسنىڭ زەربىسىگە تاقابىل تۇرۇپ، ئېغىر، زور خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش كېرەك.

«دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، خەلقنى تەرتىپچان قىلىشتا تۈزۈمنى توغرىلاش كېرەك». جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ باش نىشانى شۇكى، پارتىيەمىز قۇرۇلغىنىغا 100 يىل بولغاندا، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەرنى تېخىمۇ پىشىپ يېتىلدۈرۈش، تېخىمۇ تۇراقلاشتۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش؛ 2035 - يىلغا بارغاندا، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش؛ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغىنىغا 100 يىل بولغاندا، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش، ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلىش. پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيەدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە تىرەك بولۇۋاتقان تۈپ تۈزۈم، ئاساسىي تۈزۈم، مۇھىم تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كۈچەپ ئۇلىنى پۇختىلاپ، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، سىستېمىسى مۇكەممەل، قېلىپلاشتۇرۇلۇشى ئىلمىي، يۈرۈشۈشى ئۈنۈملۈك تۈزۈم سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، سىستېمىلىق ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، ئۈنۈمبىرسال ئىدارە قىلىش، مەنبەدىن ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈم - ئىقتىدارىغا تېخىمۇ ياخشى ئايلاندۇرغاندىلا، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش پۈتۈن پارتىيەنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپىسى. جەزمەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك، ئىلمىي پىلانلاپ، ئىنچىكە تەشكىللەپ، يىراق بىلەن يېقىننى بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئالغا سىلجىتىپ، بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان - ۋەزىپىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەمدە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار تۈزۈم ئېڭىنى ھەقىقىي تۈردە يەنىمۇ كۈچەيتىپ، باشلامچىلىق بىلەن تۈزۈمنىڭ نوپۇزىنى قوغداپ، تۈزۈمنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنى ئاڭلىق ھالدا تۈزۈمنى ھۆرمەتلەش، تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، تۈزۈمنى قەتئىي قوغداشقا يېتەكلەش كېرەك. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# تۈگۈننى تېپىش تەدبىرلەرنى مۇزاكىرە قىلىش ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىش

## —— ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ئالىي مەكتەپلەر كەينى - كەينىدىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى

### ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ئالىي مەكتەپلەر كەينى - كەينىدىن باش تېما تەربىيەسى بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى، پارتكوم بەنزە ئەزالىرى ھەم ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرىي كادىرلار ئۆزلىرى مەسئۇل ساھەلەرنىڭ خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، دىققەتنى شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، زور بىر تۈركۈم سۈپەتلىك، قاراتمىلىققا ئىگە مەشغۇلات قىلىشقا بولىدىغان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىنى شەكىللەندۈردى ھەم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى جانلىق ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇردى.

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەھىيە، ساغلاملىق كومىتېتى، سۇچىلىق ئىدارىسى، تەبىئىي بايلىق ئىدارىسى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىكى - يېزا ئىدارىسى، قاتناش - ترانسپورت ئىدارىسى قاتارلىق فۇنكسىيەسى گىرەلىشىپ كەتكەن تارماقلار، ئورۇنلار ئۆزئارا قارشى تەرەپ ئورنىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى، بەنزە ئەزالىرى پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلغاندىن كېيىن، يىغىنغا قاتناشقان باشقا ئورۇندىكىلەردىن سوئال سوراپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش مەزمۇنى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرىگە قارىتا پىكىر - تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بولۇپمۇ مۇھىت ئاسراش، قاتناش - يول قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغا چېتىلىدىغان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تېمىلىرىنى قىزغىن مۇھاكىمە قىلىپ، مەسىلىلەرنىڭ تۈگۈنىنى بىرلىكتە تەھلىل قىلدى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

خوتەن ۋىلايىتىدىكى تۆت يۈرۈش بەنزە ئەزالىرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى قوللىنىش، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ۋە ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ياخشىلاشنى قاتتىق تۇتۇپ، ھەقىقىي تۈردە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى كونكرېت ھەرىكەتكە ئايلاندۇردى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا جەمئىيەت مۇقىملىقى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، خەلق تۇرمۇشى، كەسىپلەر تەرەققىياتى، داۋالىنىش كاپالىتى، پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار چۆرىدىلىپ تولۇق پىكىر ئالماشتۇرۇلۇپ مۇھاكىمە قىلىندى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا، قومۇل شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى قومۇلنىڭ خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاشقا تۈرتكە بولۇش جەھەتتە ئورتاق تونۇش شەكىللەندۈردى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىدا مۇقىملىق، تەرەققىيات، خەلق تۇرمۇشىدىن ئىبارەت «ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش»تا چىڭ تۇرۇپ، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئېرىشتۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. قومۇلنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشقا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىدا «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، قارلىق، مۇزلۇقمۇ بىر بايلىق» دېگەن ئىدىيە مۇستەھكەم تۇرغۇزۇلۇپ، تىرىشىپ گۈزەل يېڭى قومۇل قۇرۇشتىكى ياخشىلاش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

شىنجاڭ سانائەت قۇرۇلۇش شۆيۈەنى پارتكومىنىڭ رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرى مەكتەپنىڭ ئىدىيەۋى سىياسىي خىزمىتى، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇشنى بىرلەشتۈرۈشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىق باش تېما بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى چۆرىدەپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كۆڭۈلدىكى نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، چوڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، «تولۇق خادىملىق ئادەم تەربىيەلەش، پۈتۈن مۇساپىلىك ئادەم تەربىيەلەش، ھەر تەرەپلىمە ئادەم تەربىيەلەش» خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەكتەپنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇشنى بىرلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

نەتىجىلەرنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىدىن كېيىن، كوناشەھەر ناھىيەسى ئامما ئىنكاس قىلغان ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇش قىيىن بولۇش، ئاپتوموبىل توختىتىش قىيىن بولۇش، ھاجەتخانا تېپىش قىيىن بولۇش مەسىلىلىرىنى، ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىدىكى پار ئىسسىماسلىق، مۈلۈك باشقۇرۇشتىكى زىددىيەت - ماجىرالار، پار بىلەن تەمىنلەش سۈپىتىنى ياخشىلاش، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ سەپەرگە چىقىش بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى چۆرىدەپ، تۆت يۈرۈش بەنزە ئەزالىرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپ ۋە پىكىرلەرنى ھەرىكەتتە كۆرسىتىپ، ئاممىغا باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى.

**(مۇخبىرلىرىمىز پەرىزات ئابدۇل، شيا چىڭ، جاۋ شيا، بارشا، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز رېن خۇڭفاڭ، ئەن يەن، جاڭ يۈك يازغان)**

(بېشى 2 - بەتتە)

ئومۇمىي يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» تۈزۈم سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ۋەتەننىڭ تىنچ بىرلىككە كېلىشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» پارتىيەنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ۋەتەننىڭ تىنچ بىرلىككە كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم تۈزۈم، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ بىر ئۇلۇغ ئىجادىيىتى. جەزمەن ئاساسىي قانۇن ۋە نېگىزلىك قانۇن بويىچە شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنى باشقۇرۇش - ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇشنى چىڭىتىپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ئۇزاققىچە گۈللىنىشى، مۇقىم بولۇشىنى قوغداش كېرەك. ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكىنى قوغداشتىكى قانۇن - تۈزۈمى ۋە ئىجرا مېخانىزمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. ۋەتەننىڭ تىنچ بىرلىككە كېلىش مۇساپىسىنى قەتئىي ئالغا سىلجىتىپ، ئىككى قىرغاقنىڭ ئالماشتۇرۇشى، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىككى قىرغاقنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ بەخت - سائادىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىكى تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە سىياسەت - تەدبىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەڭ تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، «تەيۋەن مۇستەقىللىقى»گە ئورتاق قارشى تۇرۇش، بىرلىككە كېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولىدىغان تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. جەزمەن دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قوغداپ، قەتئىي تەۋرەنمەي دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پارتىيەنىڭ تاشقى ئىشلار خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈلمە - مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ھەر تەرەپلىمە دىپلوماتىيە ئورۇنلاشتۇرمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئېچىۋېتىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھوقۇق يۈرگۈزۈشكە بولغان چەكلىمە ۋە نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسى پارتىيەنىڭ ئۇزاق مەزگىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش شارائىتىدا ئۆزىنى پاكلاش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆزىنى يېڭىلاش، ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈشتىكى مۇھىم تۈزۈم كاپالىتى. جەزمەن پۈتۈن پارتىيەنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكى، ئومۇمىيۈزلۈك قاپلىشى، نوپۇزلۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، نازارەت قىلىشنىڭ كەسكىنلىكى، ماسلىشىشچانلىقى، ئۈنۈمدارلىقىنى كۈچەيتىپ، تەدبىر بەلگىلەش ئىلمىي بولغان، ئىجرا قىلىش قەتئىي بولغان، نازارەت قىلىش كۈچلۈك بولغان ھوقۇق يۈرگۈزۈش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان تۈزۈلمە - مېخانىزمى بەرپا قىلىشنى بىرگەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيە ۋە خەلق بەرگەن ھوقۇقنى باشتىن - ئاخىر خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش پۈتۈن پارتىيەنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپىسى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەمدە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار تۈزۈم ئېڭىنى يەنىمۇ ھەقىقىي كۈچەيتىپ، تۈزۈم نوپۇزىنى باشلامچىلىق بىلەن قوغداپ، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشتىكى ئۈلگىلەردىن بولۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئاڭلىق ھالدا تۈزۈمگە ھۆرمەت قىلىشى، تۈزۈمنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى، تۈزۈمنى قەتئىي قوغدىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. تۈزۈم نەزەرىيەسى تەتقىقاتى ۋە تەشۋىق - تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكىنى تولۇق تونۇشقا يېتەكلەپ، تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىش كېرەك. كەڭ كادىرلارنىڭ قەتئىي ھالدا تۈزۈم بويىچە ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا، ھوقۇقنى يۈرگۈزۈشكە، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەت ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىندا پارتىيە نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مەركىزىي كومىتېتنىڭ كاندىدات ئەزاسى يولداش ما جېڭۋۇ، ما ۋېيمىڭنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاش قارار قىلىندى.

ئومۇمىي يىغىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ يولداش لىۋ شىيۈنىڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى قاراپ چىقىلدى ھەم ماقۇللاندى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى ئىلگىرى چىقارغان يولداش لىۋ شىيۈنى پارتىيەدە ئىككى يىل قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىش بېكىتىلدى.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنداق چاقىرىق قىلىندى: پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئىرادىنى ساقلاپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى كېرەك!